ئالامەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى ياكى مەلۇم بىر ئورتاقلىقى بارلىقنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا « - دەك، - تەك » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئابدۇشۇكۇر مەتمىنىدەك بىلىملىك ئادەمنى تاپماق تەس.

ئابدۇخالىقنىڭ ئىرادىسى پولاتتەك مۇستەھكەم.

بۈگۈن ھاۋا نەشتەردەك سوغۇق ئىدى.

ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ بىزنىڭ پىكرىمىزدەك.

2- سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولۇپ، جۈملىدە مۇشۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ، شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى ھەر خىل دەرىجە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

گۈلگىنە قىپقىزىل رەختتىن كىيىم كىيىشكە ئامراق.

سۈپسۈزۈك، كۆكۈچ ۋە تىنىق ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى.

ئىزاھات: ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەر مەنە ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ دەرىجىلىك سۈپەت ۋە دەرىجىسىز سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

مەنە جەھەتتىن نىسپىيلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سۈپەتلەر دەرىجىلىك سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: « ئاق » دېگەن سۈپەت « ئاقراق، ئاپئاق، ئاقۇش، ئاقغىنە» دېگەندەك دەرىجە ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە. مانا مۇشۇنداق دەرىجە ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە بولغان « چىرايلىق، كىچىك، ئېگىز، ئاۋات، يېڭى» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر دەرىجىلىك سۈپەتلەردۇر.

مەنە جەھەتتىن مۇتلەقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سۈپەتلەر دەرىجىسىز سۈپەت، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: « ماددىي، ئەركەك، چىشى، ئىقتىسادىي، گراماتىكىلىق....» دېگەن سۈپەتلەر دەرىجىسىز سۈپەت بولۇپ، بۇنداق سۈپەتلەر دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ ھەم دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ، شۇڭلاشقا تەكرارلانمايدۇ.

ئادەم ۋە نەرسىلەردە بولىدىغان بىر خىل تۈردىكى سۈپەتلەرنىڭ بىر – بىرىدىن ئارتۇق – كەملىك دەرىجىسى جەھەتتىن پەرقلىنىشى سۈپەت دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيە دەرىجىلىك سۈپەتلەرگە خاس بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل دەرىجە شەكىللىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

م: ئەمدى تېكستنى تەرجىمە قىلايلى.

....

قۇربان، سەن 1- ئابزاسنى تەرجىمە قىل.

....

قۇربان توغرا تەرجىمە قىلدىمۇ؟

ئو: ئۇ بەك چاپسان سۆزلىدى. يەنە بىر قېتىم سۆزلىسۇن. ياخشىراق ئاڭلايلى.

....

م: تەرجىمىسى توغرىمۇ؟

ئو: توغرا.

م: ئەمدى بىللە ئوقۇيلى. ئۈنلۈكرەك ئوقۇڭلار.

م: ۋاقىت توشتى، دەم ئېلىڭلار.

**يېڭى سۆز- ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| نېپىز | İnce |
| قىممەت | Pahalı |
| ئىمارەت | Bina |
| قارىغاندا | Kıyasla |
| تارتىن-، خىجىل | Utan- |
| بول - | |
| چىراغ | Işık |
| ئۆچۈر- | Söndür- |
| بىر نەچچە | Birkaç |
| پۈتۈنلەي | Hemen hemen |
| دېگۈدەك | |
| ئاساسەن | Göre |
| باشقا | Diğer |
| ئەمدى | Şimdi |
| بىللە | Birlikte |
| قېتىم | Defa |
| ئۈنلۈك | Sesli |



**گىراماتىكا**

**1- ئىسىمنىڭ ئوخشاتما كېلىش شەكلى**

ئوخشاتما كېلىش بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن بولغان خاراكتېر، شەكىل،

ئا: [تۆت / يەتتە / ئون بىر] بولدى، [ئىنگلىزچە تېكست يادقا ئالمايلىمۇ / دەرس تەكرارلىمايلىمۇ / چىراغنى ئۆچۈرمەيلىمۇ] ؟

ئە: [ئوينايلى / تەكرارلايلى / ئۆچۈرەيلى] .

## تېكست

مۇئەللىم بىلەن ئوقۇغۇچىلار

م: ساۋاقداشلار، ھازىر دەرس باشلايلى. مېھرىگۇل، ۋەلى، گۈلزار سىلەر دوسكىغا چىقىڭلار. مەن بىر نەچچە جۈملە ئېيتاي. سىلەر يېزىڭلار.

.....

ياقۇپ، ئۇلار توغرا يازدىمۇ؟

ئا: مېھرىگۇل پۈتۈنلەي توغرا يازدى. ۋەلىمۇ ئاساسەن توغرا يازدى. 2- جۈملىدە بىر ئاز خاتا بار.

م: باشقىلارنىڭ پىكرى بارمۇ؟

ئو: باشقا پىكرىمىز يوق.

م: ئەمىسە 12- دەرسنىڭ تېكستىنى ئۆگىنەيلى. ئاۋۋال مەن ئوقۇي، سىلەر بىلەن دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار.

ئەمدى بىللە ئوقۇيلى.

سائادەت، سىز ئوقۇڭ.

سائادەتنىڭ تەلەپپۇزى قانداق؟

ئو: توغرا.

م: ئەمدى تۇردى، سىز ئوقۇڭ!

تۇردى توغرا ئوقۇدىمۇ؟

ۋ: ئانچە توغرا ئەمەس. «ئوكۇش» ئەمەس، «ئوقۇش»، «گەرب» ئەمەس، «غەرب».

م: ۋەلىنىڭ پىكرى توغرا. تۇردى، كېيىن كۆپرەك مەشق قىل.

ت: ماقۇل.